# 128445 - ئۆتۈك ياكى پايپاقنى كامىل تەرەت ئېلىپ كىيمىگەن بولسا ئۇنىڭغا مەسىھى قىلىش توغرا بولمايدۇ

## سوئال

بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پايپاقنى كىيگەن بولسا، ئاندىن تەرىتى سۇنۇپ پايپاقنى بىر نەچچە مىنۇت سېلىپ پۇتىنى سىقماق دورا چېپىپ ئاندىن پايپاقنى يېڭىدىن كىيگەن بولسا، ئۇ كىشى تاھارەت ئالغاندا ئىككى پۇتىنى قايتىدىن يۇيۇش كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەت ئالغاندا پايپاققا مەسىھى قىلىش ئۈچۈن پايپاقنى تولۇق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن كىيگەن بولۇشى شەرت بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇغىرە ئىبنى شۇبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا مەن ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇرىۋاي دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«سالدۇرمىغىن، مەن تولۇق تەرەت ئېلىپ كىيگەن دېدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىھى قىلدى.»** [بۇخارى رىۋايىتى 206-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى274-ھەدىس].

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە 151-نومۇرلۇق ھەدىستە: **«ئۆتۈكنى سالدۇرمىغىن، مەن ئۇنى تولۇق تاھارەت ئېلىپ كىيگەن، دېدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىھى قىلدى»** دېيىلگەن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ: "بۇ ھەدىس ئۆتۈككە مەسىھى قىلىشتا ئۇنى تولۇق تاھارەت ئېلىپ كىيىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ دېدى".

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" ناملىق ئەسەر 1-توم 174-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆتۈككە مەسىھى قىلىشتا ئۇنى تولۇق تاھارەت بىلەن كىيگەن بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق".

ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆتۈككە مەسىھى قىلىشتا ئۇنى تولۇق تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كىيگەن بولۇشى شەرت بولىدۇ، ئەمما تولۇق تاھارەت ئالماي ئۆتۈكنى كىيگەن بولسا، ئۇنىڭغا مەسىھى قىلىش توغرا بولمايدۇ". ["ئەلمۇئەتتا"1-توم 37-بەت].

"مۇئەتتانىڭ شەرھىسى ئەل مۇنتەقا"1-توم 78-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدەك ئۆتۈكنى تاھارەت ئىلىپ بولغاندىن كېيىن كىيگەن بولسا، ئاندىن تەرىتى سۇنۇپ ئۆتۈكنى سالغان بولسا، ئاندىن ئۆتۈكنى كىيگەن بولسا، ئۆتۈكنى تولۇق تاھارەت ئىلىپ كىيگەن دېگەن ھۆكۈم يوق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈكنى تاھارەت ئالماي كىيگەن بولىدۇ. ئۆتۈككە مەسھى قىلىشتا ئۇنى تولۇق تاھارەت ئىلىپ كىيگەن بولىشى شەرت قىلىنىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: پايپاقنى سىلىۋېتىپ ئاندىن تاھارەتسىز قايتىدىن كىيگەن بولسا، ئۇنىڭغا مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى تاھارەت ئىلىپ ئىككى پۇتنى يۇيۇپ كىيىشى كىرەك بولىدۇ، گەرچە پايپاقنى بىر قانچە سكۇنت سېلىۋەتكەن بولسىمۇ ھۆكۈم ئۆزگەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەم پايپاقنى تاھارەتسىز كىيگەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەسھى قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 9640- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.